# شەمسنۇر ئابدىغافۇر

**ئايال، 48 ياش.**

مېنىڭ ئىسمىم شەمسنۇر ئابدىغافۇر. مەن بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان. مەن دەسلەپتە ، 1992- يىلى فېۋرالدا ، خوتەندىكى لاكسۇي دوختۇرخانىسىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم. مەن جۇڭگۇدىن 2010- يىلى سىنتەبىردە ئايرىلغان بولۇپ ، ھازىر تۈركىيەدە ياشايمەن. جۇڭگۇدا دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىلىرىمدا ، مەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ۋە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈشكە شاھىد بولغان ۋە تۇغرىسىدا ئۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان.

**دەسلەپكى كەچۈرمىش**

مەن بىر ئۇيغۇر تىبابىتى مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ، ئارقىدىنلا 1992- يىلى فېۋرالدا لاكسۇي دۇختۇرخانىسىنىڭ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدە سېستىرا بولۇپ ئىشلەشكە تەقسىم قىلىندىم. دوختۇر ئەمەس سېستىرا بولۇپ تەقسىملىنىشىمنىڭ سەۋەبى مېنىڭ ئۈگەنگەن كەسپىم ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ غەربىي تىبابەتكە ماس كەلمەيدىغانلىقىدىن بولغان ئىدى. مەن ئوپېراتسىيە بۆلىمىدە ھەر كۈنى ئۈچتىن بەشكىچە بالا چۈشۈرۈش ۋە ئاياللارنى تۇغماس قىلىش ئوپېراتسىيىسىگە شاھىد بولدۇم. مەن ئوپېراتسىيە بۆلمىدە شاھىد بولغان ئىشلارنىڭ كۆپۈنچىسى بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ئىدى. بارلىق بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىلىرى ، خەنزۇ دوختۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلاتتى. بەزىدە ، باشقا دوختۇرلار بولمىغاندا ، ئاندىن ئۇيغۇر دوختۇرلار تەرىپىدىن ئىلىپ بىرىلاتتى. مەن خىزمەتكە چۈشۈپ بەش ئايدىن كېيىن ، ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغانلىقىم سەۋەبىدىن ئانا بالىلار بۆلۈمىگە يۆتكەلدىم.

1992- يىلى 6- ئايدا ، مەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا (ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ.) غەربىي مىدىتسىناسىدا تەربىيىلىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم. ئىچكىرىلەپ تەربىيلىنىش ئۈچۈن بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كىردىم. مەن بۇ دوختۇرخانىدا خەنزۇ دوختۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەر كۈنلۈكنگە يىگىرمىدىن ئارتۇرق مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ۋە ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ئوپېراتسىيىسگە شاھىد بولدۇم. بۇ دوختۇرخانىدىكى تۇغماس قىلىشقا مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئىسمى گوجىيەنشىيا.

ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئالتە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن ، مەن لاكسۇي دوختۇرخانىسىنىڭ ئانا- بالىلار بۆلۈمىگە قايتىپ ئىككى ئاي ئىشلىدىم. مەن بىر مۇسۇلمان بولغانلىقىم ۋە مەن كۆرگەن ئىشلار مېنىڭ دىنىمغا زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇ دوختۇرخانىدا داۋاملىق ئىشلەشنى رەت قىلدىم. 1994- يىلى مارتتا مەن ئۆزۈمنىڭ شەخسى شىپاخانىسىنى ئاچتىم. ئۇ ماگا تەۋە ئەمما دوختۇرخانىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. مەن دوختۇرخانىغا مائاشىمنى تۆلەش بەدىلىگە ئۇ شىپاخانىنى ئاچالىغان ئىدىم.

1999 - يىلدىن 2001- يىلغىچە ، مەن شىنجاڭ مىدىتسىنا ئونىۋېرسىتىتىنىڭ چوڭلار مائارىپ مەركىزىدە ئوقۇدۇم. مەن بۇ جەرياندا ، خوتەن شەھەرلىك دوختۇرخانىدا (ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. ) ئالتە ئاي پىراكتىكا قىلدىم. مەن بۇ يەردىمۇ ئۇرغۇنلىغان بالا چۈشۈرۈش ۋە ئاياللارنى تۇغماس قىلىش ئوپېراتسىيىلىرىگە شاھىد بولدۇم. 2004- يىلى ، مەن يىلچى دوختۇرخانىسىدا ئىشلىدىم. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا كۆپلىگەن مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ۋە بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىلىرىگە شاھىد بولدۇم. دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن ۋاقتىلىرىمدا ، بىز بەزىدە بۇ بوۋاقلارنىڭ ھايات تۇغۇلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىدىن بىلەتتۇق. ئەپسۇسكى ، بۇ بوۋاقلارغا ئوكۇل ئۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۆيگە ئېلىپ بارغىچە ئۆلۈپ كىتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتۇق. مەن جۇڭگۇدىن 2010- يىلى 10- سىنتەبىر كۈنى ئايرىلدىم. دوختۇرخانىدا ئىشلەشتىن جۇڭگۇدىن ئايرىلغىچە ،ئاياللارنى تۇغماس

قىلىش ۋە بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى سان جەھەتتىن كۆپىيىشمۇ ياكى ئازىيىشمۇ بولماي تۇراقلىق داۋاملاشقان بولۇپ ، سانى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى.

بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى دېلو 1

2002- يىلى سىنتەبىردە يولدىشىمنىڭ قاراقاشلىق دوستىنىڭ ئايالى 3- بالىسىغا ھامىلە ئىدى. بۇ 2 باللىق بولۇش سىياسىتىگە زىت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ،ئۇلار بۇ ئىشنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشنى يوشۇرۇن تۇتمىسا ، ئۆزلىرىنىڭ جازاغا ئۇچرىشى ھەتتاكى تۈرمىگە تاشلىنىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار خوتەن شەھرىگە بىزنىڭ ئۆيدە مۆكۈنۈپ تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنى ئىدى. ئەپسۇس ھۆكۈمەت خادىملىرى يولدىشىمنىڭ ئۇلارنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنى ئىزدەپ ئۇدۇل ئۆيىمىزگە كەلگەنى ئىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى ، بوۋاقنىڭ ئۆيىمىزدە تۇغۇلۇشىغا ياردەم قىلالىغان بولاتتىم. ئۇلار كېلىپ ھامىلە ئانىنى خوتەن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مەن دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇنىڭ بوۋاقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىمىزغا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. بىز شۇ دوختۇرخانىدىكى باشقا ئۇيغۇر دوختۇرلاردىن ئانىنى ئىچىدىكى ئۆيدە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن خالىي تۇتۇشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا كېلىشتۇق. بىز ئۇلارغا بۇ ئايال ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇھتاج ، شۇڭا بىز ئۇنى ئۆي ئىچىدە تۇتۇشىمىز ۋە بالىنىڭ تۇغۇلۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك دېدۇق. نەق مۇشۇ ۋاقىتتا ، بىز بالىسى مەجبۇرىي ئوكۇل سېلىنىپ ئۆلتۈرۈپ ئېلىنغان يەنە بىر ئانىدىن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن بوۋىقىنى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا شۇ بوۋاق دەپ كۆرسىتىپ يولدىشىمنىڭ دوستىنىڭ بالىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشقا ئىجازەت ئالدىم. مەن يولدىشىم ، يولدىشىمنىڭ ئىنىسى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن بىللە سىرىتتا ساقلىدۇق. بىزنىڭ مەقسىدىمىز بوۋاقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. بىز ئاتا- ئانىسىدىن ئىجازەت ئالغان ئۆلۈك بوۋاقنى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا كۆرسەتتۇق. شۇنداق قىلىپ دوستىمىزنىڭ بالىسى يەتتە ئايدىلا تولۇق يېتىلمىگەن ھالدا بالدۇر تۇغدۇرۇلدى. شۇنداق بولغاچقا بوۋاق ئالاھىدە بېقىش ئۆيىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بىز بوۋاقنى بارلىق سېستىرالىرى خەنزۇ بولغان ئالاھىدە بېقىش ئۆيىگە ئاپارساق بىزنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىپ بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغىنىمىز پاش بولۇپ قالاتتى. ئاخىرى بىز يەنىلا بوۋاقنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشنى قارار قىلدۇق. بەختكە قارشى ، بوۋاق تۆت سائەتتىن كېيىن جان ئۈزدى.

بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى دېلو 2

2004- يىلى يانۋاردا ، يەنە بىر ئاللىقاچان ئىككى بالىسى بار بولغان ھامىلە ئايال ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ يوشۇرۇندى. بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەپ ، بىزنىڭ بىنا ئىچكىرىرەك خالىي ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ يوشۇرنۇشقا قولاي ئىدى. ئۇ ئايال بىز بىلەن بىللە ئىككى ئاي تۇرغاندىن كېيىن ، تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. بىز ئۆتكەن قېتىمقى تىراگېدىيەنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ، بۇ قېتىم ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئەمەس شەخسىي دوختۇرخانىغا بېرىشنى قارار قىلدۇق. بىز بىر شەخسىي دوختۇرخانىغا بېرىشىمىزغا ، دوختۇرلار بالىنىڭ بەكلا كىچىك ئىكەنلىكىنى ، ئوزۇقلۇق ئوكۇلى ئۇرغۇزۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئايال دوختۇرخانىدا ئىككى ھەپتە تۇردى. ھامىلە ئايالنىڭ كېلىپ كېتىشى قولايسىز ھەم بىر ئېغىر ئاياغ ئايال ئاسان كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان بولغاچقا بىزنىڭ ئۆيدىن قاتناپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشى ۋە ياكى بىزنىڭ دوختۇرخانىدا ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشىمىزمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا بىز دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى بىر ئائىلىلىكلەر بىلەن ئۇنى يوشۇرۇپ قويۇشقا كېلىشتۇق ، ئۇلار خوشاللىق بىلەن قوشۇلدى. ئەمما بەختكە قارشى ، بىرەيلەن ئايالنىڭ دوختۇرخانىدا ئوكۇل ئۇرغۇزۇپ ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويۇپتۇ. ھۆكۈمەت خادىملىرى كېلىپ بۇ دوختۇرخانىنى تەكشۈرۈپتۇ ۋە ئايالغا تولغاق تۇتقۇزىدىغان قانداقتۇر بىر ئوكۇل ئۇرۇپتۇ. ئۇ ئوكۇل سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بالىياتقۇسى زورلۇق بىلەن تولغاق تۇتۇپ

قوش كېزەك بوۋاقلىرى تۇغۇلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاندا بولسا ئېغىر قاناش يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئانىغا قان سېلىنىپ ، ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بىرجۈپ بوۋاق چىقىرىلىپتۇ. مەن ئەينى ۋاقىتتا ، نەق مەيداندا بولسام بولمايدىغانلىقىم ئۈچۈن يوشۇرۇنغان ئىدىم. ئىككى ئايدىن كېيىن مەن ئۇ ئايالنى ئۇچراتقاندا ، ئۇ ماڭا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى دىلو 3

بۇ ۋەقە مېنىڭ شەخسىي دوختۇرخانەمدا يۈز بەرگەن. 2005- يىلىدىكى ئەتىياز پەسلىنىڭ بىر كۈنى ، تىزىملاش پوكىيدە ئولتۇرسام ، ھۆكۈمەت خادىملىرى يەنە بىر ئايالنى ئېلىپ كەلدى. مەن كىشلەرنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرىنى ئېلىپ تىزىملىشىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھېچكىم كىرەلمەيتتى. ئەمما ھۆكۈمەت خادىملىرى دوختۇرخانىغا مەخپىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىزگە دىمەيلا كەلگەن ئىدى. ئۇلار كۆپ كېلىدىغان بولغاچقا ، بىز ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەتتۇق. ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئۇلارنى پەرىقلەندۈرەلەيدىغانلىقىمىزنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار بەزىدە باشقىچە يوشۇرۇن قىياپەتتە كېلىشەتتى. بۇ كۈنمۇ ئۇلار باشقىچە ياسىنىپ كەلگەن بولۇپ ،ماڭا بىلىندۈرمەيلا كىرىپ كېتىپتۇ. مەن بىر كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭدىن نىمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ: " ئۇلار مېنىڭ ئېغىر- ئاياغ ئايالىمغا قانداقتۇر بىر ئوكۇل ئۇرماقچى بولىۋاتىدۇ." دېدى. ئۇنىڭغا: " تېز كىرىپ ئايالىڭىزنى ئېلىڭ- دە ، يەنە بىر ئىشكتىن قېچىڭ" - دېدىم. بۇ ئەركىشى ئالىلقاچان تىزىملىتىپ كىرگەن كىشى بولۇپ ، مەن ئۇنىڭ تىزىمنى ئۆچۈرىۋەتتىم. ئەگەر بۇنداق قىلمىسام ، ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلىپ قالسا ، ئۇنى كىرگۈزگەنلىكىم سەۋەبلىك ماڭا مەسئۇلىيەت كېلەتتى. مەن يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ياردەم قىلغان.

ئۇ ئەركىشى كىرىپ كەتتى. ئەمما ئوكۇل ئالىلقاچان ئۇرۇلۇپ بولۇنغان بولۇپ ، كېچىككەن ئىدى. بۇ خىل ئىشلار بىز ھۆكۈمەتكە ئىشلىگەندىن بېرى سان- ساناقسىز قېتىم يۈز بەرگەن. يەرلىك كىشلەر بىزنى ھۆكۈمەتكە ئىشلەيدۇ دەپ بىزگە ئىشەنمەيتتى. شۇڭا بەزىدە ئۇلار بىزنى ھاقارەتلەيتتى. بىراق ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقىي ھېسياتىمىزنى چۈشەنمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا كىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئۇنچە ياخشى داۋام قىلمىدى. بۇ ئەھۋال ناھايىتى بىئارام قىلارلىق ئىدى. مەن بوۋاقنى قۇتقۇزالمىدىم. ئەگەر ئۇ كىشى ماڭا بالدۇرراق دىگەن بولسا ئىدى ، بوۋاقنى قۇتقۇزالىغان بولاتتىم. ئەپسۇس ،ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى.

ئۇكۇلنىڭ ئىسمى Rivanol بولۇپ ،قوساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ھەر قانداق ئايالغا بۇ ئۇكۇل ئۇرۇلسا ، قوساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرەتتى. بۇ ئۇكۇلنىڭ شپىرىس ۋە يىڭنىسى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ ، بالياتقۇغا بىۋاستە ئۇرۇلاتتى. ھەر قېتىمدا يىڭنە تىقىلغاندا ، سۈيۈقلۇقنىڭ ئېقىپ چىقىش چىقماسلىقىغا قارىلاتتى ، ئەگەر سۈيۈقلۇق چىقسا ، ئۇكۇل جايىغا ئۇرۇلدى دەپ ھۆكۈم قىلىناتتى. مەن ئۇكۇلنىڭ ئۇرۇلۇشىغا شاھىت بولدۇم. بۇنداق ئۇكۇللار كۈندە ئۇرۇلاتتى ، ئەمما كۈندە زادى قانچە ئۇكۇل ئۇرۇلغىنىغا بىر نەرسە دىيىش تەس ئىدى ؛ چۈنكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ئىشنى بارغانسىرى مەخپىي تۇتۇشقا ۋە ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇر دوختۇرلار بىمارلارنى يۇشۇرۇپ قويۇپ ، قوساقتىكى بوۋاقلارنى قوغداپ قالماقچى بولغان ئىدى. ئەمما تەخمىنەن قىلىپ ئېيتقاندا بۇنداق ئۇكۇل كۈنىگە 3~5 كىچە ئاياللارغا ئۇرۇلاتتى. بەزىدە ئوكۇل تولۇق مىقداردا ئۇرۇلمىغاچقا ، بوۋاق ھايات تۇغۇلاتتى ، ئەمما نۇرغۇن قېتىم خىتاي دائىرىلىرى دورىنى قايتا ئۇرۇپ ھامىلىنى ئۆلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلاتتى. كىيىنكى ۋاقىتلاردا ، بىز ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ، ئاياللارغا ياردەم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ بالىسىنى تۇغۇشىغا ياردەم قىلىشقا ، خىتاي دائىرىلىرىدىن يۇشۇرۇشقا باشلىدۇق. بىز شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن بوۋاقلارنى قۇتقۇزۇپ قالدۇق ، شۇنىڭ بىلەن خىتاي دائىرىلىرى بىزنى توختاتتى ، ھەمدە ھەر بىر ئايالغا ئۇكۇل ئۇرۇشنى خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرى ئېلىپ بارىدىغان بولدى. خىتاي دائىرىلىمۇ بىزگە قايتا ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. بىزنىڭ بۆلۈم ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى بولغاچقا ، بىز ئۇكۇل ئۇرۇش

ئىشىغا ئارىلاشمىدۇق. ئەمما مەن داۋاملىق خوشنا بۆلۈمگە كىرىپ بولغان ئەھۋاللانى كۆزىتىپ تۇراتتىم ، چۈنكى دوختۇر ۋە سېستىرلار مېنىڭ دوستۇم بولغاچقا ماڭا رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. ئەمما كېيىن ختاي دائىرىلىرى پىلانلىق تۇغۇت بۆلۈمنى قولغا ئالغاندىن كيىن ، مەن ئۇ ئىشلارغا شاھىت بولالماي قالدىم. پىلانلىق تۇغۇت بۆلۈمى بىر مۇستەقىل بۆلۈم بولۇپ قالغان ئىدى ؛ شۇڭا ئۇلار دوختۇرخانىدىنمۇ بەكرەك ھوقوقلىق ئىگە بولغاچقا ، خالىغىنىنى قىلالايتتى.

بالا چۈشۈرۈش ئوپىراتسىيىسى دىلو 4

2013- يىلى مايدا ، مېنىڭ ئىككى بالىسى بار يەڭگەم قوشگېزەككە ھامىلدار بولغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ھامىلدار بولۇشى بولغاچقا ، قانونغا خىلاپ دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭ تۇغۇت ۋاقتىغا ئاز قالغان ، ئەمما ناھىيىدە تۇغۇشقا ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ، ئۇ قاراقاش ناھىيىسىگە ئۆيدىكىلەرگە دەپ قويماي بالا تۇغقىلى كەتكەن ئىدى. ئۇ قاراقاش ناھىيە دوختۇرخانىسىغا تۇغۇش ئۈچۈن بېرىپ ، ئۆز مەخپىيىتىنى باشقىلار بىلمەيدۇ دەپ قارىغان ئىدى ؛ ئۇ يىشى كىچىكرەك ھەم ساددا ئايال ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز نوپوس نۇمۇرىنى دوختۇر ۋە سېستىرالاغا كۆرسەتكەندە ، ئۇلار تىزلا ئۇنىڭ باشقا ئىككى بالا تۇغقانلىقىنى بىلىپ قالغان. كيىن ئۇ يەنە دوختۇرخانىغا بارغاندا ، ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ قېلىپ ، بالا چۈشۈرۈش ئوكۇل ئۇرۇۋەتكەن. 15 مىنۇتتىن كيىن قوساقتىكى بالا بىلەن ئانا بىللە ۋاپات بولغان. مەن بۇ ئىشقا نەق مەيداندا شاھىت ئەمەس ،ئەمما مېنىڭ يولدىشىم ئۇنىڭ ئىنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنى بىلىدىغانلىقىنى ماڭا ئېيتتى ؛ چۈنكى يەڭگەم دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندا ، يولدىشىممۇ بىللە بارغانىكەنتۇق. يەڭگەم ئىلگىرى ناھايىتى تىمەن ئايال بولۇپ ، ھېچقانداق كېسىلى يوق بولغاچقا ئۇنىڭ ئۇنداق نورمال ھالەتتە ئۆلۈپ كىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يولدىشىم يەڭگەمنىڭ يولدىشى بىلەن بىللە ساقلاپ ، 15 مىنۇتتىن يېرىم سائەتكە قالمايلا ، يەڭگەمنىڭ ئۆلۈكنى ئېلىپ چىقىشقان. دوختۇرخانا ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى ئېيتىشقان ، ئەمما مەن بىر دوختۇر بولغاچقا ، ئۇنىڭ 30 يىشىدا ھېچقانداق كېسىلى بولماي تۇرۇپ ، يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كيىن بىز ئۇنى يەرلىكگە قويۇپ نەزىرىسىنى قىلدۇق.

شەخسى مىسال

2005- يىلى يانىۋاردا ، دادام تۇگەپ كەتتى. كيىن مارتقا كەلگەندە ئازاپ تۇپەيلى مەن ئاغرىپ قالدىم. مەن تەكشۈرتكىلى بارغاندا ، ئۇلار مېنىڭ بالىياتقۇمدا ئۆسمە بارلىقىدىن گۇمان قىلىدى. مەن 2006 ، 2007 ۋە 2008- يىللىرى ئۈرۈمچىگە تەكشۈرتۇش ئۈچۈن باردىم ؛ 2008 - يىلى سىنتەبىردە ، ئۈرۈمچىدىكى تەكشۈرۈشتە مەندە ئۆسمە بار دەپ دىئاگنوز قويۇلدى. ھەمدە مېنى قورقۇتۇپ ناۋادا مېنىڭ بالىياتقۇمنى ئېلىۋەتمىسە كېسەلنىڭ بەدەنگە يامراپ كىتىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى ، شۇڭا مەن بالىياتقۇمنى ئالدۇرىۋەتتىم. ئەمما كيىنكى پاتالوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇنىڭ ئۆسمە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى ؛باشقىچە داۋالاش ئېلىپ بارغاندا كېسەلنىڭ ساقىيىپ ، مېنىڭ بالىياتقۇمنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقى مەلۇم بولدى. شۇڭا مەن دوختۇرخانىنى ئەرز قىلماقچى بولدۇم ، ئەمما دوختۇر ئۇيغۇر بولغاچقا ، مەن بۇ نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم. مېنىڭ بالىياتقۇمنى ئېلىۋەتكەن دوختۇرمۇ ماڭا يالۋۇرۇپ ،:«ھەر يىلى ھەر بىر دوختۇر 2000 دەك بالىياتقۇنى ئېلىپ تاشلايدۇ ، بۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىز ، بىزنىڭ قىلماي ئامالىمىز يوق» دىدى. ئۇ ئايال دوختۇر شۇنداق دەپ يالۋۇرغاچقا ، مەن ئەرز قىلىشتىن ۋاز كەچتىم. بۇ دوختۇر ماستىرلىقتا ئوقۇۋاتقاچقا ، يىلدا 2000 ئوپىراتسىيە قىلىش ۋەزىپە ئىكەن ، شۇڭا ئۇ شۇنداق قىلغان ئىكەن. بۇ دوختۇرخانا ھۆكۈمەتكە قاراشلىق بولغاچقا ، بۇمۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياستىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ دوختۇرخانا ئۈرۈمچى ئۆسمە كېسەللەر دوختۇرخانىسى بولۇپ ، بۇ دوختۇرنىڭ ئىسمىنى مەن ئېيتالمايمەن. خوتەن رايوندىن ئايالالارنىڭ 70 پىرسەنتىنىڭ بالىياتقۇسى ئېلىۋېتىلگەن ئىكەن. دائىرىلەر بالىياتقۇدا بىرەر كىچىك مەسلىنى بايقىسىمۇ ،ئۇ باھانىلەر بىلەن بالىياتقۇنى ئېلىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى. ئەمما مەن ئۈرۈمچىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بارلىقىنى بايقىدىم ، يەنى ئۇيغۇر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدا كىچىككىنە مەسلە بولسىلا

ئۇنىڭ بالىياتقۇسى ئېلىپ تاشلىنىدىكەن. مەن بۇ ستاتىستىكىغا ئۆزۈمنىڭ ھايات ھېكايەم ئارقىلىق ئېرىشتىم. كېيىن مەن ئىشلىگەن ئانا بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمىدىمۇ ھەر 4 ئايالنىڭ ئۈچى ماڭا بالىياتقۇسىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتاتتى. بەزىدە پىلانلىق تۇغۇت بۆلۈمىدە كېسەل بەك جىق بولۇپ كەتكەچكە ، بىزنى ياردەمگە چاقىراتتى. ئەنە شۇنداق بولغاچقا مەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم.

مەجبۇرى ئاسسىمىلاتسىيە دىلوسى

مەن 2006 - يىلدىن 2007- يىلغىچە خوتەن ئۇيغۇر تىببەت تېخنىكومىدا ئوقۇدۇم. كېيىن خوتەن ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىدا پراكتىكا قىلدىم. شۇ جەرياندا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن بىر ساراڭ دەپ دىئاگنوز قويۇلغان ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئىشىغا يولۇقتۇم. مەن ئۇ ئايالنىڭ خاتىرىسىنى يازغاندا ئۇنىڭغا ساراڭ دەپ دىئاگنوز قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم ، يەنى ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مەكتەپتە بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار يىغىۋېلىنىپ كومپارتىيەنى مەدىسلىيلەشكە مەجبۇرلانغاندا ، ئۇ پارتىيەنى مەدھىيلەپ 3~4 قېتىم تەسراتنامە يېزىشقا بۇيرۇلغاندا ، ئۇ يازغان تەسراتنامە تەلەپكە توشمىغانىكەن ،شۇڭا ئۇنىڭ تەسراتنامىسى قايتۇرىۋېتىلگەن. تەسراتنامە 5000 خەتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك بولغاچقا ، قايتۇرىۋېتىلگەنلەرنىڭ تەسراتنامىسى پۈتۈنلەي قايتا يېزىپ چىقىلىشى تەلەپ قىلىنغان. شۇنداقلا بۇ تەسراتنامىدا ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى ۋە خاتالىقىنى تونۇشلىرى يېزىلىشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئوقۇتقۇچى نېمە يېزىشنى بىلەلمەي ئاخىرى ساراڭ بولۇپ قالغان. بىز ئۇ ئوقۇتقۇچىنى تەكشۈردۇق ھەمدە ئۇنىڭ نېمىشقا ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۇق.

ئائىلە شارائىتىم

1993- يىلى سىنتەبىردە ، مېنىڭ ئاكام قەشقەرنى مەركەز دەپ خەرىتىگە سىزغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن قوغلاندى. ئۇ ئۆزىگە ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگەتكەن كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ ، ئۆز ۋەتىنىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشنى ئويلاپ ، بىر بومبا ياساپ ، ئۇنى ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇستەلنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ ، بىر خىتاينى ياربدار قىلدى. شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئاكام 14 ياشتا بولۇپ ، دائىرىلەر ئۇنى تەكشۈرۈپ ، ئۇ 20 يېشىغا توشقاندا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش ھۆكۈمىنى چىقاردى.

مېنىڭ يەنە بىر ئاكام 2016- يىلى ئاپامنى تۈركىيەگە ئېلىپ چىقىپ ، 15 كۈندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتقاندا قولغا ئېلىنىپ ، 10 يىللىق كىسىلدى. ئۇنىڭ جىنايىتى ئۇنىڭ تۈركىيەگە چىققانلىقى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئاكام ۋە ئاپام بىلەن بولغان بارلىق ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالدى. ھازىر باشقا تۇققانلىرىمنىڭمۇ خەۋرىنى ئالالمىدىم. تېلىفونمۇ ياكى باشقا ئالاقە ۋاستىلىرىدىمۇ ئالاقەم يوق. ئۇلار توغرىلىق ھېچنىمە بىلمەيمەن. مەندە تېلىفون بولمىغاچقا ، خىتاي دائىرىلىمۇ مەن بىلەن ئالاقە قىلمىدى ، ياكى ماڭا بېسىم قىلالمىدى. ئەمما مېنىڭ يولدىشىم ئۇلارنىڭ مېنىڭ ۋەتەندىكى تۇققانلىرىمنىڭ ئۆيىگە ساقچى كەلگەنلىكىنى ، مېنىڭ بارلىق تۇققانلىرىمغا تەھدىت سالغانلىقىنى ، ھەمدە ئاپامغا مەن بىلەن ئانا- بالىلىقتىن كېچىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەزەلدىن يانفون ئىشلەتمەيمەن ، مەن پەقەتلا بىزنىڭ كوچىدىكى تېلىفوننى ئىشلىتىمەن ، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئالاقە قىلىپ ماڭا بېسىم قىلالمايدۇ.

سۇئال سورىغۇچى Frankie Vetch زىيارەت قىلىنغۇچىدىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى گۇاھلىق مەزمۇنلىرىنى چۈشەنگەن چۈشەنمىگەنلىكىنى سورىغاندا ، گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ يۇقارقى مەزمۇنلارنىڭ توغرىلىقىغا قوشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدى.

گۇۋاھلىق بەرگۈچى گرىنۋىچ ۋاقتى 23- فېۋرال سائەت 18 دە ، يۇقۇرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ توغرىلىقىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.